# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى
# قانۇنلار توپلىمى

2006

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى
# قانۇنلار توپلىمى

2006

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ
قانۇنچىلىق كومىتېتى تۈزگەن

مىللەتلەر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据
中华人民共和国法律汇编.2006:维吾尔文/全国人民代表大会常务委员会法制工作委员会编;中国民族语文翻译中心译.
-北京:民族出版社,2007.6
ISBN 978-7-105-08383-1

Ⅰ.中... Ⅱ.①全...②中... Ⅲ.法律-汇编-中国-2006-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.D920.9
中国版本图书馆CIP数据核字(2007)第092292号

中国民族语文翻译中心译

民族出版社出版发行
(北京市和平里北街14号 邮编100013)
http://www.mzcbs.com
中国民族语文翻译中心微机照排
北京市迪鑫印刷厂印刷 各地新华书店经销
2007年8月第1版 2007年8月北京第1次印刷
开本:850×1168毫米 1/32 印张:10.875
印数:0001-500册 定价:15.40元
ISBN 978-7-105-08383-1/D·1314(维229)

---

该书如有印装质量问题,请与发行部联系退还
(维文室电话:010-64212794;维文发行科电话:010-64290862)

本书根据人民出版社2007年2月第1版北京第1次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2007 - يىل 2 - ئايدا نەشر قىلىنغان 1 - نەشرى بېيجىڭ 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قانۇنلار توپلىمى
# 2006

تۈزگۈچى: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇنچىلىق كومىتېتى

تەرجىمە قىلغۇچى: جۇڭگو مىللەتلەر تەرجىمە مەركىزى

نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى

تىزغۇچى: جۇڭگو مىللەتلەر تەرجىمە مەركىزى

باسقۇچى: بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى

2007 - يىل 6 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى

2007 - يىل 6 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 15.40 يۈەن

# نەشر قىلىش توغرىسىدا

1979-يىلدىن بۇيان، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىرقاتار قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقتى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ، خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ، كارخانا تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە كەسپىي تەشكىلاتلارنىڭ، كەڭ كادىرلار، كەڭ ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۆيغۇنلىشىش ئۈچۈن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قانۇنلار توپلىمى (1979—1984-يىل)»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قانۇنلار توپلىمى (1985—1989-يىل)»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قانۇنلار توپلىمى (1990—1994-يىل)»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قانۇنلار توپلىمى (1995—1999-يىل)»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قانۇنلار توپلىمى (2000—2004-يىل)»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قانۇنلار توپلىمى (2005-يىل)»نى تۈزۈپ نەشر قىلغانىدۇق. ھازىر «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قانۇنلار توپلىمى (2006-يىل)»نى تۈزۈپ نەشر قىلدۇق.

بۇ توپلامغا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 2006-يىل ئىچىدە ماقۇللىغان قانۇنلار ۋە قانۇنىي مەسىلىلەرگە دائىر قارار كىرگۈزۈلدى.

**مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي**
**كومىتېتىنىڭ قانۇنچىلىق كومىتېتى**
**2007-يىل 1-ئاي**

此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

# مۇندەرىجە

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش قانۇنى»غا
تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى ..................... 2
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش قانۇنى ......... 16
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى
سۈپەت بىخەتەرلىكى قانۇنى ................................ 37
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پاسپورت قانۇنى .................... 59
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ
تۈزىتىش لايىھىسى (6) ...................................... 70
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى ......... 83
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى
دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەتچىلىك قانۇنى ................. 107
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كارخانا ۋەيران بولۇش قانۇنى ... 131
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەمشېرىك كارخانىلار قانۇنى ...... 183
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇل يۇيۇشقا قارشى تۇرۇش
قانۇنى ..................................................... 221

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دېھقانلار كەسپىي كوپېراتىپى
قانۇنى ........................................................239
مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بانكا كەسپىنى نازارەت
قىلىش-باشقۇرۇش قانۇنى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش
توغرىسىدىكى قارارى ..........................................262
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بانكا كەسپىنى نازارەت
قىلىش-باشقۇرۇش قانۇنى .......................................265
مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ
تەشكىلىي قانۇنى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى
قارارى ........................................................288
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ
تەشكىلىي قانۇنى ..............................................289
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش
قانۇنى ........................................................307
مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇنچىلىق
تەشۋىق-تەربىيىسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى .........332
مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ شياڭگاڭ
ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىغا شېنجېن قولتۇقى پورتىنىڭ
شياڭگاڭ تەرەپتىكى پورت رايونىنى باشقۇرۇش
ھوقۇقى بېرىش توغرىسىدىكى قارارى .........................338

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى رەئىسىنىڭ پەرمانى

48-نومۇرلۇق

«مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش قانۇنى›غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى» 2006-يىل 2-ئاينىڭ 28-كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى 10-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 20-سانلىق يىغىنىدا ماقۇللىنىپ، ھازىر ئېلان قىلىندى، 2006-يىل 6-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى خۇ جىنتاۋ
2006-يىل 2-ئاينىڭ 28-كۈنى

# مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش قانۇنى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى

(2006-يىل 2-ئاينىڭ 28-كۈنى 10-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 20-سانلىق يىغىنىدا ماقۇللانغان)

10-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 20-سانلىق يىغىنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش قانۇنى»غا تۆۋەندىكىچە تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى:

**1.** 1-ماددا مۇنداق تۈزىتىلدى: «بۇ قانۇن دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش، مالىيە-ئىقتىساد تەرتىپىنى ساقلاش، مالىيە مەبلىغىنى ئىشلىتىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەتنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى كاپالەتلەندۈرۈش مەقسىتىدە، ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن تۈزۈلدى.»

**2.** 3-ماددىغا بىر تارماق قوشۇلۇپ 2-تارماق قىلىندى: «ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى مالىيە كىرىم-چىقىمى، مالىيە ئىشلىرى كىرىم-چىقىمىغا ئالاقىدار قانۇن، نىزام ۋە دۆلەتنىڭ باشقا ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە بىنائەن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك بويىچە باھالاپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىدە ئىقتىسادىي تەپتىش قارارى چىقىرىدۇ.»

**3**. 4ـماددا مۇنداق تۈزىتىلدى: «گوۋۇيۇەن ۋە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنىنىڭ خام چوتىنىڭ ئىجراسى ۋە باشقا مالىيە كىرىم ـچىقىمىنى تەپتىش قىلىش خىزمىتىنى ھەر يىلى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا دوكلات قىلىشى كېرەك. ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتى دوكلاتىدا خام چوت ئىجراسىنى تەپتىش قىلىش ئەھۋالى مۇھىم نۇقتا قىلىنىشى كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى زۆرۈر تېپىلغاندا ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتى دوكلاتى توغرىسىدا قارار چىقارسا بولىدۇ.

«گوۋۇيۇەن ۋە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتى دوكلاتىدا كۆرسىتىلگەن مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ئەھۋالى ۋە بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسىنى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا دوكلات قىلىشى كېرەك.»

**4**. 10ـماددا مۇنداق تۈزىتىلدى: «ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى خىزمەت ئېھتىياجىغا قاراپ شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىشلىك باشقۇرۇش دائىرىسىدە خاس ئاپپارات تەسىس قىلسا بولىدۇ.

«خاس ئاپپارات ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى بەرگەن ھوقۇققا بىنائەن ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتىنى قانۇن بويىچە ئېلىپ بارىدۇ.»

**5**. 15ـماددىغا بىر تارماق قوشۇلۇپ 4ـتارماق قىلىندى: «يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش-ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشتىن ئىلگىرى، بىر دەرىجە يۇقىرى ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنىنىڭ پىكرىنى ئېلىش كېرەك.»

**6**. 16ـماددا مۇنداق تۈزىتىلدى: «ئىقتىسادىي تەپتىش

ئورگىنى شۇ دەرىجىلىك تارماقلار (جۇملىدىن بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار) ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خام چوتىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ۋە نەخ چوتى شۇنىڭدەك باشقا مالىيە كىرىم-چىقىم ئەھۋالى ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ.»

7. 17-ماددا مۇنداق تۈزىتىلدى: «ئىقتىسادىي تەپتىش مەھكىمىسى گوۋۇيۈەن زۇڭلىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە مەركەز خام چوتىنىڭ ئىجراسى ۋە باشقا مالىيە كىرىم-چىقىم ئەھۋالى ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىدۇ ۋە نازارەتچىلىك قىلىدۇ. گوۋۇيۈەن زۇڭلىسىغا ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نەتىجىسىدىن دوكلات بېرىدۇ.

«يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگانلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۆلكە باشلىقى، ئاپتونوم رايون رەئىسى، شەھەر باشلىقى، ئوبلاست باشلىقى، ھاكىم، رايون باشلىقى ۋە ئۈزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنىنىڭ رەھبەرلىكىدە شۇ دەرىجىلىك خام چوتنىڭ ئىجراسى ۋە باشقا مالىيە كىرىم-چىقىم ئەھۋالى ئۈستىدىن تەپتىشلىك قىلىدۇ ۋە نازارەتچىلىك قىلىدۇ. شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋە ئۈزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنىغا ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نەتىجىسىدىن دوكلات بېرىدۇ.»

8. 19-ماددا مۇنداق تۈزىتىلدى: «ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى دۆلەتنىڭ كەسپىي تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە مالىيە مەبلىغىنى ئىشلىتىدىغان باشقا كەسپىي تەشكىلاتلارنىڭ مالىيە كىرىم-چىقىمى ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ.»

9. 21-ماددا چىقىرىۋېتىلدى.

10. 22-ماددا 21-ماددا قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ مۇنداق



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

تۈزىتىلدى: «دۆلەت كاپىتالى پاي چېكىنى كونترول قىلغۇچى ئورۇندا تۇرغان ياكى يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان كارخانا، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش ۋە نازارەت قىلىشنى گوۋۇيۈەن بەلگىلەيدۇ.»

**11**. 23–ماددا 22–ماددا قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ مۇنداق تۈزىتىلدى: «ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى هۆكۈمەت سېلىنمىسى ۋە هۆكۈمەت سېلىنمىسى ئاساس قىلىنغان قۇرۇلۇش تۈرلىرى خام چوتىنىڭ ئىجراسى ۋە نەق چوتى ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ.»

**12**. 24–ماددا 23–ماددا قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، مۇنداق تۈزىتىلدى: «ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى هۆكۈمەت تارماقلىرى باشقۇرغان ۋە باشقا ئورۇنلار هۆكۈمەتنىڭ هاۋالىسى بىلەن باشقۇرغان ئىجتىمائىي كاپالەت فوندى، ئىجتىمائىي ئىئانە–هەدىيە مەبلىغى ۋە باشقا ئالاقىدار فوند، مەبلەغنىڭ مالىيە ئىشلىرى كىرىم–چىقىمى ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ.»

**13**. بىر ماددا قوشۇلۇپ 25–ماددا قىلىندى: «ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ۋە ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنىنىڭ قانۇن بويىچە ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش ۋە نازارەت قىلىش ئوبيېكتىغا كىرىدىغان باشقا ئورۇنلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىدە، شۇ رايون، شۇ تارماق ياكى شۇ ئورۇننىڭ مالىيە كىرىم –چىقىمى، مالىيە ئىشلىرى كىرىم–چىقىمى ۋە ئالاقىدار ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردە ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئەهۋالى ئۈستىدىن تەپتىش قىلىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ.»

**14**. 29–ماددا مۇنداق تۈزىتىلدى: «قانۇن بويىچە ئىقتىسادىي

تەپتىش ئورگىنىنىڭ تەپتىش قىلىش-نازارەت قىلىش ئوبيېكتى ھېسابلىنىدىغان ئورۇنلار دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئىچكى ئىقتىسادىي تەپتىش تۈزۈمىنى ئورنىتىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى؛ ئىچكى ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتىدە ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنىنىڭ كەسپىي يېتەكچىلىكىنى ۋە نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.»

**15.** 30-ماددا مۇنداق تۈزىتىلدى: «جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي تەپتىش ئاپپاراتى تەپتىش قىلىدىغان ئورۇن قانۇن بويىچە ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنىنىڭ تەپتىش قىلىش-نازارەت قىلىش ئوبيېكتى ھېسابلانسا، ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى گوۋۇيۈەننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، جەمئىيەتتىكى شۇ ئىقتىسادىي تەپتىش ئاپپاراتىنىڭ ئالاقىدار تەپتىش دوكلاتىنى تەكشۈرۈشكە ھوقۇقلۇق.»

**16.** 31-ماددا مۇنداق تۈزىتىلدى: «ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇنلاردىن خام چوت ياكى مالىيە ئىشلىرى كىرىم-چىقىم پىلانى، خام چوتنىڭ ئىجراسى، نەق چوت، مالىيە-بوغالتىرلىق دوكلاتى، كومپيۇتېردا ساقلانغان، بىر تەرەپ قىلىنغان مالىيە كىرىم-چىقىمى، مالىيە ئىشلىرى كىرىم-چىقىمىنىڭ ئېلېكترونلۇق سانلىق مەلۇماتى ۋە زۆرۈر بولغان كومپيۇتېر تېخنىكا ئارخىپى، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىدا سچوت ئېچىش ئەھۋالى، جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي تەپتىش ئاپپاراتلىرى بەرگەن ئىقتىسادىي تەپتىش دوكلاتى، شۇنىڭدەك مالىيە كىرىم-چىقىمى ۋە مالىيە ئىشلىرى كىرىم-چىقىمىغا ئالاقىدار باشقا ماتېرىياللارنى ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە يوللاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق، ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇنلارنىڭ ئۇنى رەت قىلىشىغا، كېچىكتۈرۈشىگە ۋە يالغان مەلۇم قىلىشىغا يول

قويۇلمايدۇ.

«ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇننىڭ مەسئۇلى ئۆز ئورنىنىڭ مالىيە-بوغالتىرلىق ماتېرىياللىرىنىڭ چىنلىقى ۋە مۇكەممەللىكىگە مەسئۇل بولىدۇ.»

**17**. 32-ماددا مۇنداق تۈزىتىلدى: «ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلغاندا ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇننىڭ بوغالتىرلىق دوكومېنتى، بوغالتىرلىق ھېسابات دەپتىرى، مالىيە-بوغالتىرلىق مەلۇماتى، مالىيە كىرىم-چىقىمى ۋە مالىيە ئىشلىرى كىرىم-چىقىمىنىڭ ئېلېكترونلۇق سانلىق مەلۇماتىنى كومپيۇتېردا باشقۇرۇش سىستېمىسىنى شۇنىڭدەك مالىيە كىرىم-چىقىمى ۋە مالىيە ئىشلىرى كىرىم-چىقىمغا ئائىت باشقا ماتېرىيال ۋە مۈلۈكنى تەكشۈرۈشكە ھوقۇقلۇق، ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇنلارنىڭ ئۇنى رەت قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.»

**18**. 33-ماددىغا بىر تارماق قوشۇلۇپ 2- تارماق قىلىندى: «ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى مەسئۇلىنىڭ تەستىقى بىلەن، ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇننىڭ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىدىكى سچوتىنى ئېنىقلاشقا ھوقۇقلۇق.»

بىر تارماق قوشۇلۇپ 3-تارماق قىلىندى: «ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇننىڭ ھۆكۈمەت پۇلىنى شەخسنىڭ نامىدا ئامانەت قويغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل-ئىسپاتقا ئېرىشسە، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى ئاساسلىق مەسئۇلىنىڭ تەستىقى بىلەن، ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇننىڭ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىدا شەخسىي نامىدا ئامانەت قويغان پۇلىنى سۈرۈشتۈرۈشكە ھوقۇقلۇق.»

**19.** 34-ماددىنىڭ 1- تارمىقى مۇنداق تۈزىتىلدى: «ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى تەپتىش قىلغاندا، ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇنلارنىڭ بوغالتىرلىق دوكۇمېنتى، بوغالتىرلىق ھېسابات دەپتىرى، مالىيە-بوغالتىرلىق مەلۇماتى شۇنىڭدەك مالىيە كىرىم-چىقىمى ۋە مالىيە ئىشلىرى كىرىم-چىقىمىغا ئائىت باشقا ماتېرىياللارنى يۆتكىۋېتىشكە، يوشۇرۇشقا، ئۆزگەرتىۋېتىشكە، يوقىتىۋېتىشكە يول قويۇلمايدۇ؛ دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ ئېرىشكەن مۈلۈكنى يۆتكىۋېتىشكە ۋە يوشۇرۇشقا يول قويۇلمايدۇ.»

بىر تارماق قوشۇلۇپ 2-تارماق قىلىندى: «ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇننىڭ ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمىگە خىلاپ قىلمىشىنى توسۇشقا ھوقۇقلۇق؛ زۆرۈر تېپىلغاندا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى مەسئۇلىنىڭ تەستىقى بىلەن، ئالاقىدار ماتېرىياللارنى ۋە دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ ئېرىشكەن مۈلۈكنى پېچەتلەشكە ھوقۇقلۇق؛ بۇنىڭ ئىچىدە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىغا ئامانەت قويغان مۇناسىۋەتلىك پۇلنى توڭلىتىشقا توغرا كەلسە، خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئىلتىماس قىلىش كېرەك.»

2-تارماق ئىككى تارماق قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، 3-تارماق، 4-تارماق قىلىنىپ، مۇنداق تۈزىتىلدى: «ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇن سادىر قىلغان دۆلەتنىڭ مالىيە كىرىم-چىقىمى ۋە مالىيە ئىشلىرى كىرىم-چىقىمى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىگە خىلاپ قىلمىشىنى توسۇشقا ھوقۇقلۇق؛ توسۇش ئۈنۈم بەرمىسە، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى مەسئۇلىنىڭ تەستىقى بىلەن، مالىيە تارمىقىغا ۋە ئالاقىدار مەسئۇل تارماققا

مالىيە كىرىم-چىقىمى، مالىيە ئىشلىرى كىرىم-چىقىمى جەھەتتە دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپ قىلمىشقا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان پۇلنى بىرىشنى ۋاقتىنچە توختىتىپ تۇرۇشنى، ئاجرىتىپ بىرىلگەنلىرىنى ئىشلىتىشنى ۋاقتىنچە توختىتىپ تۇرۇشنى ئۇقتۇرىدۇ.

«ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى ئالدىنقى ئىككى تارماقتا بەلگىلەنگەن تەدبىرلەرنى قوللىنىشتا، ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇننىڭ قانۇنلۇق كەسپىي پائالىيىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش-تىجارەت پائالىيەتلىرىگە تەسىر يەتكۈزسە بولمايدۇ.»

**20**. بىر ماددا قوشۇلۇپ 37-ماددا قىلىندى: «ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى تەپتىش قىلىش-نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتا، جامائەت خەۋپسىزلىكى، مەمۇرىي تەپتىش، مالىيە، باج، تاموژنا، باھا، سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگىنى قاتارلىق ئورگانلارنى ھەمكارلىشىشقا تەكلىپ قىلسا بولىدۇ.»

**21**. 37-ماددا 38-ماددا قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، 1-تارمىقى مۇنداق تۈزىتىلدى: «ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى ئىقتىسادىي تەپتىش تۈرلىرى پىلانىدا تەپتىش قىلىنىدىغان ئىشلارغا قاراپ ئىقتىسادىي تەپتىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەيدۇ ھەمدە ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىشتىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇنغا ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش ئۇقتۇرۇشىنى يەتكۈزۈپ بىرىدۇ؛ ئالاھىدە ئەھۋالدا، ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ، ئىقتىسادىي تەپتىش ئۇقتۇرۇشىنى كۆرسىتىپ بىۋاستە تەپتىش قىلسا بولىدۇ.»

بىر تارماق قوشۇلۇپ 3-تارماق قىلىندى: «ئىقتىسادىي تەپتىش

ئورگىنى ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتىنىڭ ئونۇمىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.»

**22**. 38-ماددا 39-ماددا قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، 1-تارمىقى مۇنداق تۈزىتىلدى: «ئىقتىسادىي تەپتىش خادىملىرى بوغالتىرلىق دوكۇمېنتى، بوغالتىرلىق ھېسابات دەپتىرى، مالىيە-بوغالتىرلىق مەلۇماتىنى تەكشۈرۈش، ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىنىدىغان ئىشلارغا دائىر ھۆججەت، ماتېرىياللارنى كۆرۈش، نەق پۇل، ماددىي بۇيۇم، ئاكسىيە قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈش، ئالاقىدار ئورۇن ۋە شەخسلەردىن ئەھۋال ئىگىلەشكە ئوخشاش يوللار بىلەن ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىدۇ ھەمدە ئىسپات ماتېرىيالى ئالىدۇ.»

**23**. 39-ماددا 40-ماددا قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، مۇنداق تۈزىتىلدى: «ئىقتىسادىي تەپتىش گۇرۇپپىسى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىنىدىغان ئىشلارنى تەپتىش قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنىغا ئىقتىسادىي تەپتىش گۇرۇپپىسىنىڭ تەپتىش دوكلاتىنى يوللىشى كېرەك. ئىقتىسادىي تەپتىش گۇرۇپپىسىنىڭ تەپتىش دوكلاتىنى ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنىغا يوللاشتىن بۇرۇن، ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىنغۇچىنىڭ پىكرىنى ئېلىش كېرەك. ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىنغۇچى ئىقتىسادىي تەپتىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش دوكلاتىنى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈندىن باشلاپ ئون كۈن ئىچىدە يازما پىكرىنى ئىقتىسادىي تەپتىش گۇرۇپپىسىغا تاپشۇرۇشى كېرەك. ئىقتىسادىي تەپتىش گۇرۇپپىسى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىنغۇچىنىڭ يازما پىكرىنى ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنىغا بىللە يوللىشى كېرەك.»

**24**. 40-ماددا 41-ماددا قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، مۇنداق تۈزىتىلدى: «ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى ئىقتىسادىي تەپتىش گۇرۇپپىسىنىڭ تەپتىش دوكلاتىنى ئىقتىسادىي تەپتىش مەھكىمىسى بەلگىلىگەن تەرتىپ بويىچە قاراپ چىقىدۇ ھەمدە



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com